□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى

# پومپېئونىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى خەلقئارا قانۇنچىللىق روھىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو تەختتىن چۈشۈش پەيتىدە شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭ «ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر»گە قارىتا «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» «ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى، دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئۇ تارقاتقان كىشىنى هاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان، بىمەنە، كۈلكىلىك سىياسىي قالدۇق زەھەر، قانۇنچىللىق ھەققىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ئەخلاق تۆۋەن چېكىگە چېقىلىپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق، خەلقئارا قائىدە ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن ساھەسى ۋە شىنجاڭدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىسى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

پومپېئونىڭ خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا ئەھدىنامىگە نىسبەتەن ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتى كەمچىل بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن بىر «قانۇن قارىغۇسى». بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «زوراۋان ئەسەبىيزىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكەت پىلانى» (70/674)دا مۇنداق تەكىتلەپ بېرىلگەن: زوراۋان ئەسەبىيزىمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا جەزمەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىپ، بالدۇرراق قول سېلىپ، زوراۋان ئەسەبىيزىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماسلىشىپ زوراۋان ئەسەبىيزىمگە زەربە بېرىش كېرەك. ھەرىكەت پىلانىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان: زوراۋان ئەسەبىيزىم تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان كىشىلەرنى تەربىيەلىنىش پۇرسىتى ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى زوراۋان ئەسەبىيزىم تەشكىلاتىدىن قول ئۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش - يېتەكلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، سىناقلارغا تامامەن بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ھالبۇكى، پومپېئونىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۇنىڭ خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا ئەھدىنامىدىن ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى، ھەممىدە ئۇنىڭ بۇ خىل ساۋاتسىزلىقنى «قورقماسلىق» دەۋېلىپ، قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان ھالدا يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى ھەم نەتىجە - ئۈنۈمىگە تۆھمەت قىلىپ ۋە قارا چاپلاپ، ھەقىقەتەن نومۇسسىزلىقتا چېكىگە يەتكەنلىكىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

پومپېئونىڭ خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە زومىگەرلىك بىلەن تەھدىت سېلىشى پۈتۈنلەي خەلقئارا قانۇنچىللىق تەرتىپىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىق. تارانتۇلارنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئىلتىماسىغا قارىتا، پومپېئو تەھدىت سېلىپ: ئەگەر خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئامېرىكا ھەممىدە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ خادىملىرىنى تەكشۈرسە، ئامېرىكا تەرەپ «تەكشۈرۈشكە بىۋاستە مەسئۇل» خادىملارنىڭ چېگرادىن كىرىشىنى چەكلەش، مال - مۈلكىنى توڭلىتىش قاتارلىق ئۆچ ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىدۇ، بۇ ھەتتا خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىگە ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن. بۇنىڭغا قارىتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىسى: «بۇ تەھدىت خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇستەقىللىقىغا يولسىزلارچە ئارىلىشىشنى شەكىللەندۈردى، بۇ، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، تەپتىش ئەمەلدارى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ كەسپىي ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن» دېدى. سوراپ باقايلى، خەلقئارا قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيەسىنى مەنسىتمىگەن سېنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ شىنجاڭغا بوھتان چاپلاشقا، قارا چاپلاشقا نېمە سالاھىيىتىڭ بار؟

پومپېئو «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنى قوللاپ، خەلقئارا تېررورچى كۈچلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قارا قولىغا ئايلاندى. پومپېئو «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بېكىتكەن تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ جۇڭگوغىلا تەھدىت سېلىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئورتاق خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىشى كېرەك ئىدى. پومپېئو «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خاراكتېرى تېررورلۇق تەشكىلات دەپ بېكىتىلگەن قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكارلىدى، شۇڭا بىز ئۇنىڭ دەل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئەڭ چوڭ كۈشكۈرتكۈچىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانماي تۇرالمىدۇق. بىز پومپېئودىن شۇنى سوراپ باقايلى: سەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنى ئاشكارا قوللىدىڭ، ئەجەبا سەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوزغىغان بىر قاتار تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنى ئاشكارا قوللىدىڭ، ئەجەبا سەن تېررورىزمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىنى ئاشكارا قوللىدىڭ، ئەجەبا سەن ئۆزۈڭ كۆتۈرگەن پالتىنىڭ ئۆز پۇتۇڭنى چېپىۋېتىشىدىن قورقمامسەن؟

جازالاش ھەققانىيەتنى ياقلاشتۇر. پومپېئونىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ۋە نومۇسسىز يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىنىڭ بازىرى قالمىدى، ئۇ مۇقەررەر خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، مۇقەررەر ئەخلاق، تارىخ، قانۇن ۋە ھەققانىيەتنىڭ سوتلىشىغا ئۇچرايدۇ!

# پومپېئو، سېنىڭ كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاشلىرىڭ كۆپچىلىكنى ئالدىيالمايدۇ!

□ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم دۆلەت كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئايدىدار قاھار

مېنىڭ ئىسمىم ئايدىدار قاھار، رابىيە قادىرنىڭ ئۆز نەۋرىسى، ئۆيۈم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونىدا. بۇ ئىككى كۈندە مەن توردا پومپېئونىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈندىمۇ يەنە جۇڭگو شىنجاڭغا غالجىرلارچە قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بۇنداق قەستەن تۆھمەت قىلىش، ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇتۇڭلا دەپ ۋارقىرىغىنىدەك بۇنداق قەبىھ قىلمىشىدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم!

مەن كىچىكىمدىنلا ياخشى تەربىيە ئالدىم، ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ياخشى مائارىپ بايلىقىدىن بەھرىلەندىم، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان ئىدى، دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، مەن نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈپ ئوقۇيالىدىم، ھەم شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولدۇم. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىز داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى، ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۈرۈمچىدىكى بىر چوڭ تىپتىكى مەبلەغ سېلىش شىركىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، شەھەردىكى ئاق ياقىلىقلارنىڭ بىرى بولدۇم. مېنىڭ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىممۇ ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلدى. پومپېئو ھۆكۈمەت بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى باستۇردى دەپ ئىغۋا تارقاتتى، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىز يەنە داشۆگە ئۆتۈپ ئوقۇيالايتتۇقمۇ؟ يەنە دۆلەت كارخانىلىرىدىكى شەھەر ئاق ياقىلىقلىرىدىن بولالايتتۇقمۇ؟

ھازىر، مەن شىركەتتە ناھايىتى خۇشال ئىشلەۋاتىمەن، شىركىتىمىزنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى، ھەر ئايدا 5000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالىمەن. شىركەت ئەمگەك قانۇنى بويىچە بىزگە ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تۇرالغۇ ئامانەت فوندى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى تۇرالغۇ ئامانەت فوندى، شۇنداق بولغاندا ئاتا - ئانامدىن ئازراقلا ياردەم سورىسام، ئۆزۈم ئۆي سېتىۋالالايمەن. پومپېئو ھۆكۈمەت بىز ئۇيغۇر مىللىتىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ دەپتۇ، بۇ، ھەقىقەتەن كەلسە - كەلمەس بىلجىرلىغانلىق. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ھېچكىم مېنى شىركەتكە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى، مەن ئۆزۈم خىزمەت ئىزدەپ بارغان، يەنە كېلىپ بارغىنىم دۆلەت كارخانىسى. مەن ھازىرقى خىزمىتىمدىن ئىنتايىن رازى، ئىككى قولۇمغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئادەتتە ئارام ئالغان ۋاقتىمدا، مەن دوستلىرىم بىلەن بازار ئايلىنىمەن، ساياھەت قىلىمەن، بەزىدە يەنە قەھۋەخانا ياكى قاۋاقخانىلارغا بېرىپ ھاردۇق چىقىرىمەن. يېقىندا يەنە بىرنەچچە دوستۇم بىلەن نەنشەنگە قار تېيىلغىلى باردىم. بەزىدە مەن يەنە نەۋرە ئاچام قەدرىيەنى سىرتقا چىقىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىمەن، ئۇ شىنجاڭ تېببىي داشۆسىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدۇ، ھازىر تويغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئىككىمىز يېقىندىن بۇيان بىللە توي مۇراسىمىدا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل بۇيۇملارنى سېتىۋالدۇق. مەن بۇنداق ئەركىن - ئازادە، خۇشال - خۇرام، مودا تۇرمۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ پومپېئودىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، سەن ئېيتقان «ھەرىكەت ۋە ئەركىنلىكنى چەكلەش» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ سەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چۈشىنەمسەن؟ سېنىڭ ئاشۇنداق گەپلەرنى دېيىشكە ۋىجدانىڭ چىدامدۇ؟ ۋىجدان ياخشى نەرسە، سېنىڭدىمۇ ۋىجدان بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئائىلەمدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە خىزمىتى ناھايىتى ياخشى. ئاتا - ئانام ھاراق - تاماكا تاللا بازىرى ئاچىدۇ، سودىسى ناھايىتى ياخشى. مېنىڭ دىلدار ئىسىملىك بىر ئاچام بار، ئۇمۇ داشۆنى پۈتكۈزگەن، ئىنگلىز تىلى كەسپىدە ئوقۇغان، ھازىر بىر قەھۋەخانىدا ئىشلەيدۇ، ئۇ ئىزچىل ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ لوبەن بولۇشنى ئويلاپ، تەجرىبە توپلاۋاتىدۇ. ئاكام زۇلپىقار ھازىر ئاقسۇدا بىر باغنى باشقۇرىدۇ، باغقا شىنجاڭنىڭ داڭلىق «بىڭتاڭشىن» ئالمىسى تىكىلگەن، باغدا يەنە دېھقانلار ئارامگاھى بار، خېرىدارلىرى ناھايىتى كۆپ. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى شاد - خۇراملىققا چۆمۈپ، بەختلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. پومپېئو، سەن شىنجاڭنى خۇددى «تۈرمە»گە ئوخشايدۇ دەپ بىلجىرلاپسەن، سەن شىنجاڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ بىز شىنجاڭدا ناھايىتى ئەركىن.

بۇ جايدا، مەن يەنە مومامنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلىمەن، پومپېئوغا ئوخشاش ئاغزىدىن يالغان - ياۋىداق سۆز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كەلسە - كەلمەس بىلجىرلايدىغان، قىلچە تۆۋەن چېكى يوق مۇشۇنداق ئادەمنىڭ گېپىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن! موما، ھازىر ئۈرۈمچىدە تەرەققىيات ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ، مېترو ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول قاتنىدى، مۇھىت تېخىمۇ ياخشىلاندى، شەھەر تېخىمۇ گۈزەللەشتى، تۇرمۇش تېخىمۇ راھەت بولۇپ كەتتى. بىز سىزنىڭ قايتىپ كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، پومپېئوغا ئوخشاش بۇنداق يامان ئەبلەخلەر يەنە سىزدىن پايدىلىنىپ كەتمىسۇن.

پومپېئو ئىزچىل بىزنىڭ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا كەلسە - كەلمەس قول تىقىۋاتىدۇ، مەقسىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، بىزنى بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگۈزمەسلىك. بىر ئادەتتىكى جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىر ئۇيغۇر قىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پومپېئوغا شۇنداق دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ كۆزىمىز روشەن، سەن ئەمدى يەنە ئىغۋا توقۇپ تۆھمەت قىلىۋەرمە، يەنە ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كاچاتلاۋەرمە!

# پومپېئو ئېقىمىدىكىلەرنى جازالاش كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ

□ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى پەرھاتجان ئاقنىياز

پومپېئودىن ئىبارەت ئامېرىكىنىڭ بۇ «تارىختىكى ئەڭ ناچار، ئەڭ رەزىل، ئەڭ نومۇسسىز دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» مۇقەررەر تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىدۇ، «سىياسىي ۋىرۇس» تارقىتىش بىلەن نام چىقارغان بۇ سىياسەتۋازدا قىلچە تۆۋەن چەك ئېگى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا قىلغان ھۇجۇمى، تۆھمىتى پۈتۈنلەي توختۇرۇقسىز گەپ، ئۇنىڭ رەزىل ئويۇندا قىلچە يېڭىلىق يوق، ئۇ بىر ئالدامچى، خۇددى «كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قالغان»دەك ھەقىقەتەن ئىنتايىن بىچارە.

بۈگۈن مەن پومپېئونىڭ زەھەرخەندىلىكى ۋە نومۇسسىزلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاشكارىلايمەن. پومپېئو شىنجاڭ «ئىرقىي يوقىتىش»نى يولغا قويدى» دەپ زەھەرخەندىلىك بىلەن ئىغۋا توقۇدى، نىيىتى رەزىل بولۇپ، ئۇ ئۆز دۆلىتىدىكى ئاز سانلىق ئىرق ئەۋلادلىرىنىڭ قان - ياشلىق تارىخىنى نەزەرگە ئالماي، ئوغرىنىڭ ئوغرىنى تۇتۇڭلار دەپ ۋارقىرىغىنىدەك شەكىلدە باشقا دۆلەتلەرگە بوھتان چاپلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق - ھەققانىيلىقى ۋە ئاساسىي ئەخلاق - پەزىلەتكە ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، بۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق مۇتتەھەم قىلمىش. پومپېئو ئېقىمىدىكىلەرنى جازالاش تامامەن توغرا ۋە زۆرۈر.

بۈگۈن مەن پومپېئونىڭ رەزىللىكى ۋە مەككارلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاشكارىلايمەن. پومپېئو ئېقىمىدىكىلەر ئىزچىل تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ھە دەپ «قوش ئۆلچەم»نى يولغا قويۇپ كەلدى، رەزىل نىيىتى ئۆز ئۆزىدىن ئايان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تېررورلۇق تەشكىلاتىغا بولغان بېكىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى جاكارلىغانلىقى پومپېئو ئېقىمىدىكىلەرنىڭ دەل تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈشكۈرتكۈچىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىلگىرى ئۇچرىغان قانلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تېررورلۇق تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەمدۇ؟ پومپېئونىڭ رەزىللىكى، مەككارلىقى يەنە ئۇنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۈچلىرىگە ئىزچىل يول قويۇپ مەدەت بەرگەنلىكى، ئۇلار بىلەن سەھنىدە كۆرۈشكەنلىكى، ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالاقە باغلىغانلىقىدا ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئالىبۇرۇن قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ تۆۋەن چېكىگە خىلاپلىق قىلدى.

بۈگۈن مەن پومپېئونىڭ نادانلىقى ۋە پەسكەشلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاشكارىلايمەن. «يالغان - ياۋىداق سۆز دىپلوماتىيەسى» سەۋەبىدىن پومپېئونىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن، ئۇ قىلچە پاكت ئاساسى يوق ئەھۋالدا شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشى ھەرگىزمۇ مۇئەييەن مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى تېررورىزم، ئەسەبىيزىمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان بارلىق كىشىلەرنى قوغداش ئۈچۈندۇر. كونكرېت خىزمەت داۋامىدا، شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇردى، مەيلى كىم بولسۇن، مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن، جۇڭگونىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلا بولسا، تېررورىزم، ئەسەبىيزىم ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلا بولسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەنلا بولسا ھەممىسى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتى بويىچە، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرگە قارىتا تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇۋېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بەردى، يۆلىدى، تەربىيەلىدى. شىنجاڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزى ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۇزۇلمەي يۈزبەرگەن ۋەزىيەتتە، قانۇن بويىچە تەسىس قىلىنغان تەلىم - تەربىيە ئاپپاراتى بولۇپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» قاتارلىق بىر قاتار تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قارارلىرىنىڭ پرىنسىپى ۋە روھىغا ئۇيغۇن. تەلىم - تەربىيە مەركىزى جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنىڭ دەخلى - تەرۆزگە ئۇچرىماسلىقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى.

پومپېئونىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى قۇپقۇرۇق ۋە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىز تەسەۋۋۇر، سۇبيېكتىپ پەرەز بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆز مەيلىچە پاكت ئويدۇرۇپ، شىنجاڭغا قارا چاپلىدى. ئۇنىڭ نومۇسسىز قىلمىشىغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ. قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز چوقۇم ھەققانىيەت شەمشىرىنى قولىمىزغا ئېلىپ، پومپېئو ئېقىمىدىكىلەر بىلەن ئاداققىچە قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

«باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلمايمىز؛ باشقىلار بىزگە چېقىلسا، بىز چوقۇم ئۇلارغا چېقىلىمىز.» 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگوغا ئالاقىدار مەسىلىدە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۆز قىلغان، ئاساسلىق جاۋابكارلىقى بار 28 ئادەمنى جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پومپېئومۇ بار. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ.